**ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

# چوڭقۇر ئۆگىنىپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەسلى مەقسەتنى ساقلاش سەممىيلىك بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش

## —— قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا، كۈچلۈك ئالغا سىلجىتتى

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ
ساقلاپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگەندىلا، ھەرقانداق
ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ. مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ
خۇش ھىدى ئەتراپقا تارالغان، دۆلەت بايرىمىنى خۇشال ـ
خۇرام كۈتۈۋېلىۋاتقان جەنۇبىي شىنجاڭ تۇپرىقىدا، قەشقەر
ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ،
نىشان ـ ۋەزىپە، ئاساسىي پرىنسىپ، ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇ-
رۇشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىنى مۇقىملىق،
تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇش بىلەن
زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بى-
ۋاستە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش
بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، چوڭقۇر ئۆگىنىپ تولۇق ئۆزلەشتۈ-
رۈپ، ئەسلى مەقسەتنى ساقلاپ، سەممىيلىك بىلەن ئەمەل-
يەتتىن ئۆتكۈزۈپ، بۇرچنى زىممىسىگە ئالدى.

### قەشقەر ۋىلايىتى:
### ئۆگىنىش داۋامىدا پەرقلەرنى تېپىش ئۆگىنىش داۋامىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش

ئورگاندىن ئاساسىي قاتلامغىچە، شەھەردىن يېزا-
كەنتلەرگىچە، رەھبىرىي كادىرلاردىن ئادەتتىكى پارتىيە ئە-
زالىرىغىچە، قەشقەر ۋىلايىتى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي،
بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى ئو-
مۇميۈزلۈك باشلىدى. قەشقەر ۋىلايىتى ناھىيە ـ باشقارما دە-
رىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كا-
دىرلارنىڭ باش تېما تەربىيەسىنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتتى،
پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار شەخسلەر ئۆزلۈكىدىن ئۆگى-
نىش، مەركەزلىك ئۆگىنىش، مەخسۇس تېمىدا تەتقىقات ـ مۇ-
ھاكىمە قىلىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئۆزلىرى
مەسئۇل بولغان خىزمەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش دا-
ۋامىدا پەرقلەرنى تاپتى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتتى، بارلىق
پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۆز خىز-
مىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش داۋامىدا ئۆلچەمگە توغرىلى-
نىپ، قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، ئىككى قولدا تۇتۇش،
ئىككىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى
قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

قەشقەر ۋىلايىتى «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست»تىكى
ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ بىرى، بۇ يىل بىر تۈركۈم
نامرات كەنتلەر نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلايدۇ.
ۋاقىت قىس، ۋەزىپە ئېغىر بولغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش
ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىيىتى ئالدىدا، قەشقەر ۋىلايە-
تى باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى نامرات
كەنتلەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى، ئادىمىيەت ئالاھىدىلىكى،
بايلىق ئەۋزەللىكى قاتارلىقلارغا ئاساسەن، تەرەققىيات يۆنە-
لىشى ۋە قۇرۇلۇش مۇھىم نۇقتىسىنى بېكىتىپ، نامراتلىقتىن
قۇتۇلدۇرۇش نىشانى ۋە كونكرېت تەدبىرگە ئاساسەن قە-
دەممۇقەددەم ئالغا سىلجىتتى ھەم خىزمەتلەرنىڭ ئىلگىرىلەش
ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ پەرقلەرنى تېپىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى
تولۇقلاپ، دەل جايىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، يۇقىرى
سۈپەتتە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

باش تېما تەربىيەسىدە، يەكەن ناھىيەسى مەسىلە يۆنى-
لىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش بىلەن ئىشلەشنى بىرلەشتۈ-
رۈپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ،
تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا چۈشىنىش، ھېس قىلىش-
نى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈ-
رۈش داۋامىدا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى، تەدبى-
رى ئۈستىدە ئىزدەندى. بۇ يىل، يەكەن ناھىيەسى توپ
تۇتاش بەش ئاھالە نۇقتىسىنىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى
ھەم يېزا ـ كەنت ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق-
لاردىكى يانداش ئەسلىھەلەرنى مۇكەممەللەشتۈردى، توپ
تۇتاش 33 ئاھالە نۇقتىسىنىڭ سۇ چىقىرىش تۇرۇبىسىنى تور-
لاشتۇرۇش ھەم گەندە كۆلچىكى قاتارلىق ئۇل ئەسلىھەلەر-
نى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈردى.

يەكەن ناھىيەسى ئېلىشقۇ بازارلىق پارتكومىنىڭ شۇجى-
سى لۇڭ شىشىن مۇنداق دېدى: «بىز بىر تەرەپتىن ئۆگى-
نىپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈش، بىر تەرەپتىن تۈزىتىشتە
چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار باشلامچىلىق
بىلەن ئۆگىنىش، باشلامچىلىق بىلەن تۈزىتىشتە چىڭ
تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىش تە-
زىملىكى تۈزۈپ، گۈزەل يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشى قاتارلىق
جەھەتلەرنى چۆرىدەپ تۈزىتىش تەدبىرنى ئوتتۇرىغا
قويدۇق. ھازىر، كەنت ئاھالىلىرى ئىنكاس قىلغان ئۈچ جە-
ھەتتىكى مەسىلىنى توپلىدۇق ھەم بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا
ئالتە تۈزىتىش تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق».

### خوتەن ۋىلايىتى:
### ئۆگىنىشتە ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ئىشتا نەتىجە قازىنىش

خوتەن ۋىلايىتى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇر-
غاندىن بۇيان، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك،
ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ رېئال مەنپە-
ئەت مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، «تۈزىتىش»تىن باش-
لاشتا چىڭ تۇرۇپ، دەرھال تەكشۈرۈپ، دەرھال تۈزىتىد-
غان، دەرھال چۈشىنىپ، دەرھال تۈزىتىدىغان گەۋدىلىك
مەسىلىلەرنى بېكىتتى ھەم ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ تۈزد-
تىش لايىھەسى تۈزۈپ، تىرىشىپ ئۆگىنىشتە ئۈنۈم ھاسىل
قىلىپ، ئىشتا نەتىجە قازاندى.

كېرىيە ناھىيەسىنىڭ دەريا بويى يېزىسى دەريا بويى
كەنتى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ كىندىك رايونىغا جايلاشقان،
ئورنى نىسبەتەن چەت، يىراق بولغانلىقتىن، كەنتكە ھازىرغى-
چە توك يەتكۈزۈلمىگەن. بۇنىڭدىن باشقا، پۈتۈن ۋىلايەتتە
يەنە چەت، يىراقتىكى 80 كەنت مەكتىپى ۋە ئوقۇتۇش نۇقتى-
سىدىكى ئوقۇغۇچىلار قايناق سۇ ئىچىش قىيىن بولۇش مە-
سىلىسىگە دۇچ كەلگەن.

خوتەن ۋىلايىتى بۇ مەسىلىلەرنى باش تېما تەربىيەسى
مەزگىلىدە دەرھال تەكشۈرۈپ، دەرھال تۈزىتىدىغان،
دەرھال چۈشىنىپ، دەرھال تۈزىتىدىغان مۇھىم مەزمۇن
قىلىپ بېكىتىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار
بىلەن پائال ئۇدۇللىشىپ، ئېلېكتر تورىنى ئۇزارتىش تۈرد-
گە ۋاقتىدا ئىلتىماس قىلىپ، دەريا بويى كەنتىنىڭ ئىشلەپچە-
قىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان توك قىيىنچىلىقى مەسىلىسىنى ھەل
قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چەت، يىراق كەنتتىكى شۆبە
مەكتەپ ۋە ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىغا ئىچىملىك سۇ ئۈسكۈنىلە-
رىنى تولۇق سەپلەپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنى تەدرىجىي
ھالدا قايناق سۇ ئىچىشتەك ياخشى تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىل-
دۈرۈشكە تەربىيەلىدى، يېتەكلىدى ۋە ياردەم بەردى.

خوتەن ۋىلايەتلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي
كاپالەت ئىدارىسى ئۆگىنىش ـ تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق
قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، تۈزىتىش ـ ئەمە-
لىيلەشتۈرۈشنى باش تېما تەربىيەسىگە سىڭدۈرۈپ، مەسىلە
يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي كاپالەت ئارقىلىق نام-
راتلارنى يۆلەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلار-
نى يۆلەش ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىشنى چۆ-
رىدەپ، خىزمەتلەردە ساقلانغان كەمتۈكلۈكلەر ۋە يېتەر-
سىزلىكلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تاپتى. ھازىر، 16 مە-
سىلىنى رەتلەپ، دەرھال تەكشۈرۈپ، دەرھال تۈزىتىپ،
دەرھال چۈشىنىپ، دەرھال تۈزىتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇ-
رۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ
بىلەن ياخشى ئىشلىدى.

«بىز مەۋقەنى يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇن-
لاشتۇرۇش ۋە شىنجاڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى ئىشقا ئورۇنلى-
شىش يوللىرىنى كېڭەيتىشكە قويۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش
بويىچە تەربىيەلەش پىلانىنى يولغا قويۇپ، دېھقان ـ چارۋى-
چىلارنى تەربىيەلەش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، تەربى-
يەلەشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتىنىڭ 95%تىن تۆۋەن بول-
ماسلىقىنى، ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتىنىڭ 90%تىن تۆۋەن
بولماسلىقىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز. ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئورۇن-
لاشتۇرۇشتىن ئىبارەت خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىنى چىڭ
تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە
ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىمىز» دېدى خوتەن
ۋىلايەتلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارى-
سى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئادەم
كۈچى بايلىقى بازىرى بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى جاڭ جۈجيې.

**(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ جىلى، شيا چىڭ، جىڭ بو، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز يەن يەنيۈن، چېن چېن، نيۇ بىن، جاڭ يۇڭ يازغان)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پۈتۈن جەمئىيەتتە تېخىمۇ مۇكەممەللىككە ئىنتىلىدىغان ھۈ-
نەرۋەن روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كەڭ ياشلارنى ماھارەت-
لىك ئىختىساسلىقلاردىن بولۇش، ماھارەت ئارقىلىق ۋەتەن-
گە جاۋاب قايتۇرۇش يولىدا مېڭىشقا رىغبەتلەندۈرۈش
كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: دۆلىتىمىز 2021 ـ يىلى
شاڭخەيدە 46 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ماھارەت كۆرستىش مۇسا-
بىقىسىنى ئۆتكۈزىدۇ. تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرى ۋە
تەشكىلىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر
بىلەن ماھارەت كۆرستىش ساھەسىدىكى ئالماشتۇرۇش،
ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى كۈچەيتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ كەسپىي
ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە سەۋىيە-
سىنى نامايان قىلىپ، مول يېڭى مەزمۇنلۇق، تەسىرى كەڭ
بىر نۆۋەتلىك دۇنيا ماھارەت كۆرستىش مۇسابىقىسىنى تە-
رىشىپ ئۆتكۈزۈش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى
سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇ-
يۈەنىنىڭ زۇڭلىسى لى كېچياڭ تەستىقىي يولىيورۇق بېرىپ
مۇنداق كۆرسەتتى: ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلار دۆلەتنىڭ
قىممەتلىك بايلىقى، كەسىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگى-
رى سۈرۈش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بو-
لۇشنىڭ مۇھىم تىرىكى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگو-
چە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ،
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەنىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇن-
لاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ماھارەتلىك ئىختىساسلىق-
لارنى يېتىشتۈرۈشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، كەسپىي ما-
ھارەتنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئېھ-
تىياجنى چىڭ كۆزلەپ زامانىۋى كەسپىي مائارىپنى راۋاجلان-
دۇرۇپ، تېخنىك ئىشچىلار شۆيۈەنلىرى، مەكتەپلىرىنى
ياخشى باشقۇرۇپ، تېخنىك ئىشچىلار كەسپىنى راۋاجلاندۇ-
رۇش مېخانىزمى ۋە سىياستىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جەم-
ئىيەت ئېھتىياجلىق تېخىمۇ كۆپ ماھارەتلىك ئىختىساسلىق-
لار، چوڭ دۆلەت ھۈنەرۋەنلىرىنى ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەل-
تۈرۈپ، ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىشقا تا-
يىنىپ، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى،
زورىيىشى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۆپەيتىشنى ئىلگىرى
سۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ماھارەت كۆرستىش
ساھەسىدىكى خەلقئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، 46 ـ نۆۋەت-
لىك دۇنيا ماھارەت كۆرستىش مۇسابىقىسىنىڭ تەييارلىق
خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەپ، كەڭ ياشلار ماھارەت ئۆگى-
نىدىغان، دۆلەتكە جاۋاب قايتۇرىدىغان قويۇق كەيپىيات
شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

45 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ماھارەت كۆرستىش مۇسابىقە-
سىگە قاتنىشىشنى خۇلاسىلەش يىغىنى 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى
بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەر-
كىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەنىنىڭ
مۇئاۋىن زۇڭلىسى خۇ چۈنخۇا يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم
يولىيورۇقى ۋە لى كېچياڭنىڭ تەستىقىي يولىيورۇقىنى ئوقۇ-
دى ھەم سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى:
ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلار دۆلىتىمىز ئىختىساسلىقلار قوشۇ-
نىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىر قول-
لىنىپ، كەڭ ماھارەتلىك ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىل-
شى، ئىختىساسلىقلاردىن بولۇپ يېتىلىشىگە شارائىت ھازىر-
لاپ بېرىش كېرەك. كەسپىي ماھارەت تەربىيەسىنى كەڭ
كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ، تەربىيەلەش، ئىشلىتىش،
باھالاش، رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇ-
رۇپ، شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلىدىغان 46 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا
ماھارەت كۆرستىش مۇسابىقىسىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن
ياخشى ئۆتكۈزۈش كېرەك. مۇسابىقىگە قاتناشقان ماھىر-
لارنىڭ ئەسلى مەقسەتنى چىڭ ساقلاپ، ماھارەتلىك
ئىختىساسلىقلاردىن بولۇش، ماھارەت ئارقىلىق ۋەتەنگە
جاۋاب قايتۇرۇش يولىدا تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى
قولغا كەلتۈرۈپ، تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇشىنى
ئۈمىد قىلىمەن.

دۇنيا ماھارەت كۆرستىش مۇسابىقىسى ھەر ئىككى
يىلدا بىر نۆۋەت ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، «دۇنيا ماھارەت
كۆرستىش ئولىمپىكى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يىل 8 ـ ئايدا،
رۇسىيەنىڭ قازاندا ئۆتكۈزۈلگەن 45 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ما-
ھارەت كۆرستىش مۇسابىقىسىدە، دۆلىتىمىز ماھىرلىرى
جەمئىي 16 ئالتۇن مېدال، 14 كۈمۈش مېدال، بەش مىس
مېدال ۋە 17 غەلىبە قىلىش مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، ئالتۇن
مېدال تىزىملىكى، مۇكاپات تىزىملىكى، كوللېكتىپ ئومۇ-
مىي نومۇردا 1 ـ ئورۇندا تۇردى. 46 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا
ماھارەت كۆرستىش مۇسابىقىسى 2021 ـ يىلى 9 ـ ئايدا
شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو تەرەپ
ئىراق تەرەپنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، مۇستەقىللىقى،
بىرلىكى، زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئۈچۈن كۆرسەتكەن
تىرىشچانلىقىنى قەتئىي قوللايدۇ، ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ
ئىراقنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرىدۇ.
جۇڭگو تەرەپ ئىراقنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئۇرۇ-
شىدا مۇھىم، زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى تەبرىك-
لەيدۇ، ئىراق تەرەپنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە
قايتا قۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىن-
لىكى ۋە تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا داۋاملىق پائال
مەدەت ۋە ياردەم بېرىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ئىراقنىڭ
ئىقتىسادنى قايتا قۇرۇشىغا ئەڭ بالدۇر قاتناشقان، ۋاقتى
ئەڭ ئۇزاق، تۈرلەرنىڭ تارقىلىشى ئەڭ كەڭ، ساھەسى
ئەڭ كۆپ دۆلەت. ئىراقنىڭ خەۋپسىزلىك ۋەزىيىتى ئەڭ
كەسكىن مەزگىلىدىمۇ، جۇڭگو كارخانىلىرى يەنىلا ئىراقتا
چىڭ تۇردى. جۇڭگو تەرەپ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى
ئورتاق قۇرۇشنى ئىراقنىڭ قايتا قۇرۇش يىرىك پىلانى
بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، نېفىت، ئۇل ئەسلىھە
قۇرۇلۇشى قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىككى تەرەپ ھەمكارلى-
قىنى ئالغا سىلجىتىشنى خالايدۇ. جۇڭگو ـ ئىراق ئىككىلىسى
قەدىمىي مەدەنىي دۆلەت، ئىككى تەرەپ ئادىمىيەت ئالاقى-
سىنى پائال قانات يايدۇرۇشى كېرەك. ئىراق تەرەپنىڭ دا-
ۋاملىق كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىراقتىكى جۇڭگو
تەرەپ ئاپپاراتلىرى ۋە خادىملىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەق-
قىي كاپالەتلىك قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. جۇڭگو تەرەپ
ئىراق تەرەپ بىلەن خەۋپسىزلىك قانۇن ئىجراسى ھەمكار-
لىقىنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نۆۋەتتە ئوتتۇرا
شەرق دېڭىز قولتۇقى ۋەزىيىتى مۇرەككەپ، سەزگۈر. ئالا-
قىدار ھەرقايسى تەرەپلەر سوغۇققان بولۇپ، ئۆزىنى تۇتۇ-
ۋېلىپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا سۆزلىشىش،
سۆھبەتلىشىش قاتارلىق تىنچ شەكىللەر ئارقىلىق، ئارىدىكى
زىددىيەت، ئىختىلاپلارنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، رايون
تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ئورتاق قوغدىشى كېرەك. جۇڭگو
تەرەپ ئىراق تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالاقىدار ھەرقاي-
سى تەرەپلەر بىلەن داۋاملىق پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشنى
خالايدۇ.

ئابدۇل ـ مەھدى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇ-
رۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. ئۇ مۇنۇلار-
نى بىلدۈردى: جۇڭگو دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، مۇستە-
قىللىقى ۋە مىللەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قەتئىي قوغداپ،
غايەت زور تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈر-
دى. نۆۋەتتىكى دۇنيا ۋەزىيىتىدە، جۇڭگو دۇنيانىڭ تىنچلى-
قى، مۇقىملىقى، ئىناقلىقىنى قوغدايدىغان مۇھىم تىرەك.
ئىراق ئۇرۇش ۋە ئىچكى مالىمانچىلىقنى بېشىدىن ئۆتكۈز-
دى، جۇڭگونىڭ ئىراقنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشى ۋە
قايتا قۇرۇشىغا قىممەتلىك مەدەت بەرگەنلىكىگە چىن كۆڭلى-
مىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز. ئىراق تەرەپ «بىر بەلباغ، بىر
يول»نى ئورتاق قۇرۇش رامكىسى ئىچىدە ئىككى دۆلەت-
نىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقىنى چوڭ-
قۇرلاشتۇرۇشنى خالايدۇ. ئىراق تەرەپ رايون جىددىي ۋە-
زىيىتىنى پەسەيتىشكە پائال كۈچ چىقىرىپ، ئۇرۇشتىن ساق-
لىنىپ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىش، ماسلىشىشنى كۈ-
چەيتىشنى خالايدۇ.

ياڭ جيېچى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە
قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يولداش يې شۆەنپىڭ كېسەل سەۋەبىدىن 2019 ـ يىلى
9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى سائەت 12 دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە
گۇاڭدۇڭدا 95 يېشىدا ۋاپات بولدى.

يولداش يې شۆەنپىڭنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقان مەزگى-
لدە ۋە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ،
لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ،
ۋاڭ چىشەن، جياڭ زېمىن، خۇ جىنتاۋ قاتارلىق يولداش-
لار دوختۇرخانىغا بېرىپ يوقلىدى ياكى تۈرلۈك شەكىل-
لەر ئارقىلىق يولداش يې شۆەنپىڭنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇلۇق
تەزىيە بىلدۈردى ھەم ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن
سەممىي ھال سورىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى-
نىڭ ھاۋالىسى بىلەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەر-
كىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئە-
زاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ۋاڭ ياڭ
قاتارلىقلار 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى مەخسۇس گۇاڭجوۋ شە-
ھەرلىك دەپنىخانىغا بېرىپ، يولداش يې شۆەنپىڭنى ئۇزىتىپ
قويدى ھەم ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن ھال سورىدى.

9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، گۇاڭجوۋ
شەھەرلىك دەپنىخانا ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك تۈسكە كىرگەنى-
دى، ماتەم مۇزىكىسى بوش ئاۋازدا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. زالنىڭ
ئۇدۇل تېمىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە «يولداش يې شۆەنپىڭگە قاي-
غۇلۇق تەزىيە بىلدۈرىمىز» دېگەن قارا تەگلىك ئاق خەتلىك
پىلاكات، پىلاكاتنىڭ ئاستى تەرىپىگە يولداش يې شۆەنپىڭنىڭ
سۈرىتى ئېسىلغانىدى. يولداش يې شۆەنپىڭنىڭ جەستى گۈل
ۋە ئارچىلار ئارىسىغا قويۇلۇپ، ئۈستىگە جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيەسىنىڭ قىپقىزىل پارتىيە بايرىقى يېپىلغانىدى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9لار ئەتراپىدا، ۋاڭ ياڭ
قاتارلىقلار ماتەم مۇزىكىسى ئىچىدە ئاستا قەدەم بىلەن
يولداش يې شۆەنپىڭنىڭ جەستى ئالدىغا كېلىپ سۈكۈتتە
تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈردى، يولداش يې شۆەنپىڭنىڭ جەس-
تىگە ئۈچ قېتىم تەزىم قىلدى ھەم يولداش يې شۆەنپىڭنىڭ
ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ
كۆرۈشۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ قاتارلىق مەركەزد-
كى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ يولداش يې شۆەنپىڭنىڭ
ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن سەممىي ھال سورىغانلىقىنى
يەتكۈزدى.

مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلى-
رى ۋە گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى مەسئۇل يولداشلار،
يولداش يې شۆەنپىڭنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى دوستلىرى ۋە
يۇرتداشلىرىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ھەم
پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە ۋاكالىتەن خېبېي
ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قىزغىن
قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ئۇزاق-
تىن بۇيان شىنجاڭغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بەرگەنلىكى ۋە
خالىس ياردەم بەرگەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى.
چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇ-
قىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى-
دە، خېبېي ئۆلكىسى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە
سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇ-
رۇپ، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىپ، «ئىمتىھان بېرىش»
روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، «ئۈچ، ئالتە، سەككىز، توققۇز»
خىزمەت پىكىر يولىنى يولغا قويۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي
ئىشلەپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، ئىقتىساد، جەمئى-
يەت تەرەققىياتىدا يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، قە-
دىمكى يەن، جاۋ زېمىنىدا جۇشقۇن ھاياتىي كۈچنى نامايان
قىلدى. بىز چىن كۆڭلىمىزدىن تەبرىكلەيمىز.

چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: خېبېي ئۆلكىلىك پارتكوم
ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇ-
رۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچە-
نى توپلاپ، شىنجاڭغا خالىس ياردەم بېرىپ، كۆپ قاتلام-
لىق، كەڭ ساھەلىك، ھەر تەرەپلىمىلىك نىشانلىق ياردەم
بېرىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، بايىنغولىن ئوبلاستى ۋە
بىڭتۈەن 2 ـ شىسىنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشى، نامراتلىقتىن
قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشى، خەلق تۇرمۇشىنى
ياخشىلىشى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى
كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بې-
رىشنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە جەمئىيەت ئۈنۈمىنى ئەڭ
زور دەرىجىدە زورايتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى
ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى، شىنجاڭ-
دىكى ھەر مىللەت خەلق بۇنىڭدىن تولىمۇ مىننەتدار.
شىنجاڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم
ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى
ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىك-
كىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتى-
يەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاش-
تۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 7 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك شىن-
جاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ ئورۇنلاش-
تۇرمىسى بويىچە، قەتئىي تەۋرەنمەي دىققەتنى باش نىشانغا
مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، شىنجاڭغا
نىشانلىق ياردەم بېرىش مەبلىغىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، شىن-
جاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تۈرلىرىنى ياخشى تۇتۇپ،
ئۇدۇللاشتۇرۇشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۈچەيتىپ، خېبېي-
نىڭ ياخشى تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆرنەك
ئېلىپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى
پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن يېڭى جۇڭگو
قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەيدۇ.

ۋاڭ دۇڭفېڭ مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان،
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم باش شۇجى
شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم
سۆزى ۋە مۇھىم يولىيورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ،
ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت
كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئىقتىساد،
جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا
پۇختا تۈرتكە بولۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە كۆرۈنەرلىك نە-
تىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى، بۇ بىزنى چوڭقۇر ئىلھام-
لاندۇردى، ھەسسىلەپ رىغبەتلەندۈردى. شىنجاڭ خىزمىتى
پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ پۈتۈن ۋەزىيىتىدە ئالاھىدە
مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورۇندا تۇرىدۇ، شىنجاڭغا نىشانلىق
ياردەم بېرىش دۆلەت ئىستراتېگىيەسى، يېڭى دەۋردىكى پار-
تىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپە-
سى. بىز سىياسىي يۇكسەكلىكتە چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيەۋى تو-
نۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش
خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە
قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى ئەمەلىيەتتە كۆرستىش، «تۆت ئى-
شەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇ-
رۇشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەت ۋە ئەمەلىي سىناق قىلىپ،
خىزمەت سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتى-
يەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى دەل جايىدا ئەمە-
لىيلەشتۈرۈش، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشىمىز
كېرەك. مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ،
ئىزچىل تۈردە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ كۈچنى ئاشۇرۇپ،
شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كەسىپلەر، كارخانىلار
ۋە تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ،
ھەقىقىي تۈردە خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش،
ياخشىلاش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىشكە مۇلازى-
مەت قىلىپ، ياردەم بېرىش، يۆلەش مەبلىغىنىڭ ۋاقتىدا،
تولۇق ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، كۈچەپ
ئەقلىي كۈچ ۋە ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق قوللاشنى كۈچەيد-
تىپ، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك
قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازاردا سېتىلىشىنى كېڭەيتىشنى
ئىلگىرى سۈرۈپ، نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ سۈ-
پىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.
بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، خىزمەت
ئەمەلىي ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىپ، پۈتۈن ئۆلكىدىكى
ھەر دەرىجىلىك ھەر قايسى تارماقلار ۋە شىنجاڭغا نىشانلىق
ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنىڭ مۇھىم رولى-
نى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمە-
تىنىڭ شەكىل ـ ئۇسۇلدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، بىر
نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرىدىغان
خىزمەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي
شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى يېڭى سەۋىيەگە
كۆتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئە-
مىنلىكى ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىمىز.

سۆھبەت يىغىنىدا، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن ئاپتونوم
رايون، بىڭتۈەننىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ۋە نىشانلىق
ياردەم بېرىش خىزمىتى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، خېبېي ئۆل-
كىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي مۇئاۋىن
ئۆلكە باشلىقى يۈەن تۇڭلى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ نىشانلىق ياردەم
بېرىش خىزمىتى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، ئالاقىدار مەسئۇل
يولداشلار بايىنغولىن ئوبلاستى، بىڭتۈەن 2 ـ شىسى باشئەگىم
شەھىرىنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ۋە نىشانلىق ياردەم بېرىش
خىزمىتى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. سۆھبەت يىغىنىدىن كېيىن،
خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ھەمكار-
لىق تۈرلىرىنى ئىمزالاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

خېبېي ئۆلكىسى رەھبەرلىرىدىن لياڭ تيەنگېڭ،
شىڭ گوخۇي، گاۋ جىلى، نيې رۇيپىڭ، جوۋ جۈمىڭ،
شيا يەنجۈن، سۇ يىنزېڭ، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن
ئەركىن تۇنىياز، گۈلشات ئابدۇقادىر، رېن خۇا، چېڭ
جېنشەن قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.